عنوان الدرس ........ اليوم ........ التاريخ / / ١٤

١. جۇڭگودا دىن ۋە مەملىكەت مۇناسىۋەتلىك

ئاساسىي قانۇن بەلگىلىمىسى قارىماققا ناھايىتى

ئاددىي تۈزۈلگەن بىراق ئىجرا قىلىنىشىنى

ئاساسىي قانۇن ئەمەس يەرلىك سىياسەتلەر.

مەسىلەن: قەشقەردە دىنىي سىياسەتتە

ئىجرا قىلىنىشىنى ئاساسىي قانۇن ئەمەس بەلكى

«قەشقەرنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

تۈزۈملەر توپلىمى»، ناملىق 108 بەتلىك كىتاب.

بۇ كىتابتا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكى

تولۇق دەپسەندە قىلىنغان.

بۇ كىتابنىڭ 46- بېتىدىكى دە ئۇنىڭغا

يول قويماسلىق تۈزۈمىدە ئېنىق قىلىپ 18 ياشتىن

تۆۋەنلەرنىڭ، 18 ياشتىن ئاشقان ئوتتۇرا تېخنىكوم

ۋە بارلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ، كومپارتىيە

ئەزالىرىنىڭ، دۆلەت كادىرلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەت بىلەن

شۇغۇللىنىشقا بولمايدىغانلىقى، ئەگەر بايقىلىپ قالسا

مەكتەپلەردىن ۋە خىزمەت ئورنىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىدىغان-
لىقى بەلگىلەنگەن.

قولكىتابنىڭ ٢٧- بەندىدە مەسچىتنى بوش
ئادەملەر ئەركىن ئاچقان دە مەسچىت باشقۇرۇش
ھەيئىتى، باشقۇرغۇچىلىرى بولالمايدىغانلىقى، مەسچىت باشقۇرۇش
ھەيئىتى كومۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك
كىشىلەر ساقچى، ھەتتا كومىتېت ۋە مەكتەپ
مەسئۇللىرى ۋە ھۆكۈمەتكە سادىق ۋەتەنپەرۋەر
ئاقساقاللارنى ئەركىن ئايرىغانلىقى، مەسچىت باشقۇرۇش
ھەيئىتى ھەر بىر ۋاق نامازدا ھۆكۈمەت باشقۇرۇش
ئەمەلىيىتى ئەھكاملىرى جەدۋىلىنى ئوقۇش زۆرۈر
بولۇش ئادەملىك ھەممىسى قول قويىدىغانلىقى
بەلگىلەنگەن.

مۇسۇلمان بالىلىرىغا ناماز ئوقۇش، قۇرئاننى
ئۆگىتىدىغان كىشىلەرگە ھەممە بىردە قولغا
ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ.

مەسىلەن: قەشقەر شەھىرى ئۆگەننى

{مەھەللىسىدە

ئەنۋەر قارى بالىلارنى قۇرئان ئۆگەتكەن دېگەن
جىنايەت بىلەن 2005-يىلى 10 يىللىق كېسىلگەن
بولۇپ ھازىرغىچە ئۈرۈمچى باجاخۇ تۈرمىسىدە.

2006-يىلى ئاقسۇ ئايكۆل يېزىسىدىكى
ئىزىز مەخسۇم يازلىق تەتىلدە ئۆيىدە بىكار
قالغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرىغا ناماز
ئوقۇشنى ئۆگەتكىنى ئۈچۈن ساقچىلار ئىزىز
مەخسۇمنى قولغا ئالىدۇ. بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىغا
ئۈچ مىڭ (3000) يۈەندىن جەرىمانە قويىدۇ.
ئۇ ئىزىز مەخسۇمنىڭ ئۆيىنى توپا ئىتتىرىش
ماشىنىسىدا ئۇرۇپ، تۈزلىۋېتىدۇ.

قەشقەر نەزەر باغ مەسچىتىنىڭ
ئىمامى يۈسۈپ قارىمنى بالىلارنى دىن ئۆگەتكەن
دەپ مەسچىتنىڭ ئىماملىقىدىن ئېلىپ تاشلاپ
2009-يىلى ئەتىيازدا توققۇز يىللىق قاماققا
ھۆكۈم قىلىدۇ.

2007 - يىلى 6 - ئايدا ئاقسۇ ئايكۆل يېزىسىنىڭ
ساي ئۆرىتۇق كەنتىدىكى ئابدۇكېرىم ئابلانىڭ
15 بالىنى بۇغداي ئورۇش باشىدا دىنىي ئوقۇتۇشقا
تەشكىللىگەن دېگەن گۇمان بىلەن ئۇ بالىلارنى
2 - 3 - ئايدىن قاماققا ئېلىپ ئابدۇكېرىم ئابلاغا
ئوتتۇز مىڭ يۈەن ( 30000 ) جەرىمانە قويغان.

2006 - يىلى خوتەننىڭ مۇسا قارى ئۈرۈمچىدە
بالىلارغا قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتىۋاتقاندا ساقچىلار (
ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ بالىلارنى ۋە مۇسا قارىنى
قولغا ئالدى. مۇسا قارىغا ئۈچ يىللىق،
مۇسا قارىنىڭ ئايالىغا قىزلارنى ئوقۇتقان دەپ
بىر يىللىق كېسىلدى.

2008 - يىلى 9 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرە
ئىبادەت خېنىم بەش قىز بالىغا ناماز ئوقۇشنى
ئۆگىتىۋاتقاندا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان
تا ھازىرغىچە ئۈرۈمچى شۇمىگو ئاياللار تۈرمىسى
2 - دۈك 4 - ئۆيىدە سولاقتا يېتىۋاتىدۇ.

بالىلارنى قورقانى ئالماز ئوقۇتۇشنى ئۆتكەنلىكى
ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلانغان، جەرىمانە قويۇلغان،
تىرىلغۇ يەرلىرى تارتىۋېلىنىپ يۇرتىدىن قوغلاپ
چىقىرىلغان. ھەتتا بالا ئوقۇتقان ئۇستاز-قارىلارنىڭ
ئۆيلىرى زەنجىر تاپان تىراكتور بىلەن ئۆرۈلۈپ
تۈزلىۋېتىلگەن. بۇنداق ئىشلار قەشقەر، خوتەن
ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگىچە ھەممە شەھەر
يېزىلاردىن ئورۇن ئېلىپتۇ.

بۇرۇن بالا ئوقۇتقان ئۇستازلارنى ئۆزىنى
جازالايتتى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى بالىلارنىڭ
ئاتا-ئانىلىرىنىمۇ جازالايدىغان، ھەتتا قارىسا
بالىلىرىنىمۇ تۈرمىگە تاشلايدىغان بولدى.

مەسىلەن، 2008-يىلى تۇرپان شەھىرى
خانكۆل مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىبادەتچى
ئابلەتجان 11 ياشلىق ئوغلى مەخمۇدنى دىنىي
ئوقۇتۇشقا ئېلىپ بارغان. كېيىن ئۆيمۇ ئۆي

ئاختۇرۇش جەريانىدا ساقچىلار بۇنى بىلىپ قېلىپ بالا ئوقۇتقان ئۇستازنى قولغا ئالىدۇ. مەخمۇدنىڭ دادىسى تىجارەتچى ئابلەتجانغا جەرىمانە قويىدۇ. 11 ياشلىق مەخمۇدنى بولسا ئالتە ئايغىچە ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىپ ئۈرۈمچىدىكى ياتاقلىق بالىلار تۈرمىسىگە قاماپ قويىدۇ.

ئۈرۈمچىنىڭ ياتاقلىق تىپىغا جايلاشقان بۇ بالىلار تۈرمىسى «ياتاقلىق تىكەنچاقسىز سىم كەرىدان بالىلارنى يۇرتىغا قايتۇرۇش تۈرمىسى» دەپ دەپ چىرايلىق نام بېرىلگەن، ئەمەلىيەتتە دىنىي ئوقۇپ قولغا چۈشكەن بالىلارنى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىپ جازالايدىغان. ئاتىزىملىق تەربىيە بىلەن بارىدىغان كۆز كۆرىتىش تۈرمىسىدۇر.

شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئوقۇشى ھەققىدە گەپ بولغاندا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھەردائىم «شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى»نى مىسالغا ئالىدۇ.

عنوان الدرس ........ اليوم ........ التاريخ / / ١٤

ئىسلام ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان تالىپلارنىڭ
سانى قانچىلىك دەپ سورالسا بۇ ئىنىستىتۇتنىڭ
ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىسلام
ئەللىرىنىڭ ئاغزىغا سېلىنغان ئىمزىگە ئىكەنلىكىنى
بىلگىلى بولىدۇ چۈنكى بۇ ئىنىستىتۇتقا ھەر 4-5 يىلدا
بىر قېتىم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدىغان بولۇپ
ئادەتتە مەكتەپتىكى ئومۇمىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ
سانى 200 دىن ئاشۇرۇلمايدۇ. بۇ سان
ئىنىستىتۇت ئەمەس ھەتتا كىچىك بىر باشلانغۇچ
مەكتەپ بولۇش سالاھىيىتىگىمۇ توشمايدۇ.

2. مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھالى
كەمسىتىش

2003-يىلى 9-ئايدىن باشلاپ « قوش تىللىق
مائارىپ »، سىڭەننى كۆتۈرۈپ چىقىپ پۈتۈن شىنجاڭدىكى
ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى خەنزۇ مەكتەپلىرىگە قوشۇۋېتىپ
مەجبۇرىي خەنزۇچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويدى.

2007-يىلدىن باشلاپ ئۆلكە، چەت يېزا-بازارلىرىغا
«قوش تىللىق يەسلى» تەسىس قىلىنىپ
مەكتەپ يېشىغا توشمىغان ئۇيغۇر بالىلىرى
ئانا تىلىنىمۇ بۇرۇن خەنزۇچە ئۆگىنىشكە باشلىدى.
خەنزۇلار ئۆز ئادىتىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن
ئۇيغۇر ئاياللىرىنى ياغلىق ئارتىشقا، ئەرلەرنى
ساقال بۇرۇت قويۇشقا چەك قويدى، ھىجابلىق
ئاياللار، ساقال قويۇۋالغان ئەرلەر تېررورچى
گۇمانىدارلار قارا تىزىملىككە چۈشۈرۈلۈپ، نىشانلىق
نازارەت ئاستىغا چۈشۈپ قالدى.
ھەتتا ساقچى ئورۇنلىرى ساقال-بۇرۇت قويغانلارنىڭ
كىملىكىنى بېجىرىپ بەرمەيدىغان بولدى
مەسىلەن: 2009-يىلى 3-ئايدا ئاقسۇ
ۋىلايىتى ئاۋات ناھىيىسى دولانلىق يېزىسىدا
60 ياشتىن ئاشقان بىر ئۇيغۇر بوۋايى كىملىكىنى
بېجىرىش ئۈچۈن يېزىلىق ساقچىخانىغا كىرىدۇ.

ساقچىغانا باشلىقى جالىڭ مۇجاڭ بولۇۋېلىپ
ئاياق ساقچىلارنى نەق مەيداندىلا قاماللاپ ئاتىپ
يوقىتىپ تاشلىدى. ئۇيغۇر بولۇۋېلىپ ئىشەنكىلىرى
قانغا بويالدى. بۇ ۋەقە پۈتۈن ئاۋات ناھىيىسىگە
ئارقىلىپ خىلمۇ-خىل تىللىكچە ئاما ئارىسىدا كۈچلۈك
غۇلغۇلا بولدى.

كەسلىرە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋە پۈتۈن
شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە شەخسلەر ئاچقان
تىل مەكتەپلىرى بولۇپ ئۇنىڭدا خەنزۇچە،
ئىنگلىزچە، رۇسچە ۋە ئەرەبچە قاتارلىق
تىللار ئۆگىتىلەتتى.
2006-يىلى 5-ئايدا ئۈرۈمچىدىكى ئەرەب تىلى
ۋە باشقا تىللارنى ئۆگىتىدىغان «سادا» تىل
مەكتىپى تاقىلىپ، ئۇنىڭ ئابدۇللا
قاتارلىق مۇدەررىسلىرى قولغا ئېلىندى. ئارقىدىنلا
«دىيورۇق» تىل تەربىيەلەش مەكتىپى تاقالدى.

روكو

ھازىر بارلىق تىل ئەرەبىيەلەش مەكتەپلىرىدە
ئەرەب تىلى ئوقۇتۇش بىرلەن چەكلەنسە ئەرەب
تىلى يەنى قۇرئاننىڭ تىلى تىنچالا ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونىدا قانۇنسىز تىل بولۇپ قالدى
ئەرەب ئىسلام ئەللىرىنىڭ سوغۇق
قىلىپ ئورنىغا قارىغاندا جۇڭگونىڭ ھەيۋىسىدىن
قورقۇپ ئەرەب تىلى ھەققىدىكى بۇ ھۆكۈمنى
بىردەك ئىسرائىل قىلغانلىق قالدى.

## 3. قانۇن ئىجراسىدىكى ئاشكارە ئىرقىي كەمسىتىش

جۇڭگونىڭ ھەرقانداق بىر خەلقنىڭ ئايرىم
چەشلىس كەلگەن ياكى چەشلىگە ماڭغان ھەر بىر
ئۇيغۇر باشقا يولۇقىدىلارسىن ئايرىم تۇتۇپ
قىلىنىپ ئازدىكەنمۇ بىر سائەت ئايرىم
تۇيۇدە تەكشۈرىلىدۇ. يوتۇن سوملىرى

روكو

عنوان الدرس ........ اليوم ........ التاريخ / / ١٤

ھەتتا پاپاقلىرىنىڭمۇ ئاختۇرۇلىدۇ. بۇ قانۇن
بويىچە يولغا قويۇلغان سىرتقى كەمسىتىشتۇر.

ئۇيغۇرلار جۇڭگونىڭ ئىچكىرى شەھەرلىرىدە
مېھمانخانىلاردا ياتالمايدۇ. ھەتتا مەدەنىيەت
ۋە تەرەققىيات جەھەتتە جۇڭگونىڭ ئالدىنقى
قاتاردا تۇرىدىغان شاڭخەي شەھىرىدىمۇ
ئۇيغۇر كىملىكىنى كۆتۈرگەن ھەرقانداق بىر
پۇقرا مېھمانخانىلاردىن ياتاق ئالالمايدۇ.
چۈنكى شاڭخەي شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ
ئۇيغۇرلارنى ياتقۇزماسلىق توغرۇلۇق ھەرقايسى
مېھمانخانىلارغا چۈشۈرگەن ھۆججىتى بولۇپ
مېھمانخانىلار شۇ بويىچە ئىجرا قىلىدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى
قانۇن ئىجرا قىلىش ئورۇنلىرى ئۇيغۇر
مۇسۇلمانلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى

روكو

ھېيت-بايراملىرىغا ھۆرمەت قىلىش ئەمەس
بەلكى چەكلەش، نارازىلىق قىلىش ھەتتا قەستەن
چېقىشقا تېگىش ۋەقە پەيدا قىلىش ئارقىلىق
شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى جازالاشقا تەييار
تۇرىدۇ.

مەسىلەن.

بۇلتۇر 2008-يىلى ئۇيغۇرلار 30 كۈن روزا
تۇتۇپ ھېيتنىڭ 1-كۈنى ھېيت قىلالمىدى.
چۈنكى ھۆكۈمەت پۈتۈن شىنجاڭدىكى
مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ:
«قايسى بىر ئىمام ئۇ كۈنى جامائەتكە ھېيت
نامىزىنى باشلاپ بېرىدىكەن ئىمامىلىقتىن
ئېلىۋېتىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ»، دەپ ئۇقتۇردى.
شۇڭا بىرمۇ ئىمام ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ
بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى بۇلتۇر
ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ 30 كۈن رامىزاندىن
كېيىنكى روزا ھېيتى 10-ئاينىڭ 1-كۈنىگە

يەنى جۇڭگوا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت
بايرىمىغا توغرا كەلگەن بولغاچقا ھۆكۈمەت
ئاشۇلىرى ئۇ كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ تويلىنىش
ھېيت نامىزى ئوقۇشىغا يول قويمىدى. شۇنىڭغا كۆرە
مۇسۇلمانلار 30 كۈن روزا تۇتۇپ ھېيت نامىزىنى
ئۆز قەرەلىسىنى ئىككى كۈن كېيىن ئوقۇشقا،
كېچىكىپ ھېيت قىلىشقا مەجبۇر بولدى

بۇ يىل 2009 -يىلى روزا تۇتۇشقان ئۇيغۇرلار
يەنە ھېيت نامىزى ئوقۇيالماسلىقتىن يەنى
ئۆز قەرەلىدە ھېيت ئۆتكۈزەلمەسلىكتىن
ئەندىشىگە چۈشمەكتە

جۇڭگونىڭ شىنجاڭ يەرلىك
ھۆكۈمىتى ئۇ- قانۇن تۈزۈملىرى ئۇيغۇرلارغا
خالىغانچە زوراۋانلىق قىلىشتا ۋە كۈنلۈكۈن-
دۈزىنە ئاشكارە شەرىئى كەمىشىتىش قىلىشتا
قىلمىچە خىجىل بولۇپ قالمايدۇ.

مەسىلە: 2009-يىلى 5-ئاينىڭ 15-كۈنى
خوتەن شەھىرىدە جۈمە نامىزىدىن كېيىن 700 ساقچى
بىر نەچچە بىرونېۋىكنىڭ ھەمراھلىقىدا تېلېفون
بازىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا كوچىلارنى قورشاپ
ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىكى يانفونلارنى يىغىۋالىدۇ.
تېلېفونىدىكى ئۇچۇرلارنى تەكشۈرىمىز دېگەن
باھانىدا ئۇيغۇرلار ئاچقان تېلېفون
دۇكانلىرىدىكى بارلىق mobile لارنى
مۇسادىرە قىلىپ ئەكېتىدۇ.
ئەنە شۇ ۋەقەدىن كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار
ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق مال-مۈلكى بولغان يانفونغا
قايتا ئېرىشەلمەيدۇ ۋە يانفون (mobile)
ئىشلىتىشتىن ئەندىشە قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

4. ئۈرۈمچىدىكى 5-ئىيۇل ۋەقەسىنى
بىر تەرەپ قىلىشتا شىنجاڭنىڭ يۇقىرى
قاتلام هۆكۈمەت باشلىقلىرى ئىرقىي
ئايرىمچىلىق يۈرگۈزگەنلىكىنى ئېنىق
ئىپادىلىدى

5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىمۇ ئەمەلىيەتتە
خەنزۇ هۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن
ئىرقىي كەمسىتىش ۋە سىياسىي زۇلۇمىنىڭ نەتىجىسى
ئىدى. 5-ئىيۇل ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش
جەريانلىرىدىمۇ شىنجاڭ هۆكۈمىتى يەنىلا ئادەتلىنىپ
كېلىۋاتقان ئىرقىي ئايرىمچىلىق سىياسىتىنى ئاشكارىلىدى
مەسىلەن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ
سېكرېتارى، ئۈرۈمچىنىڭ 1-قول باشلىقى لى
7-ئىيۇل مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا
چەتئەل مۇخبىرلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋابەن

بىرىنچى مۇنداق دەيدۇ: « ... دەرۋەقە 7-ئەسىرنىڭ
كونى بىر قىسىم ئىدارە-ئورگانلىرىنىڭ خەنزۇ كادىرلىرىنى
ئۆز ئازسانلىق خەنزۇ ئامىسىنى ئەشكىللىنىپ
ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىش، ئۇرۇش، چېپىش
ئىشلىرى يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇرلار
ئارىسىدىكى ئۈچ خىل كۈچلەرمۇ ئۇلارغا قارشى
ئۇرۇش، چېپىش بىلەن شۇغۇللاندى.

يۇقۇرقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى كۈچىگە
چىقىپ ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ
بارغان خەنزۇلار ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن
بىر قىسىم « خەنزۇ ئامما » دېيىلدى. ئەكسىچە
ئۇيغۇرلارنى ھىمايەت ئۆلۈمىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن
قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئۆزىنى قوغدىغانلار
يەنىلا « ئۈچ خىل كۈچلەر » يەنى بۆلگۈنچى
ئۇنسۇرلار دېيىلدى.

جۇڭگو مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ
دائىمىي ئەزاسى، شىنجاڭنىڭ ئاتۇرنۇرى ۋالىيلىق چوڭ

٦-ئىيۇل خەنزۇلارنىڭ كوچىغا چىقىپ ئۇيغۇرلارنى
ئۇرۇش، ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى ھەققىدە تېلېۋىزىيە
نۇتقى سۆزلىدى. ئۇنىڭ نۇتقى «شىنجاڭ
گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ
شەھەر گېزىتى» (XINJIANG METROPOLIS
DAILY)
قاتارلىق خەنزۇچە گېزىتلەردە ئېلان قىلىندى.
ئۇ سۆزىدە 5-ئىيۇل ۋەقەسىنى ئۇرۇش، چېقىش
بۇلاش، كۆيدۈرۈش زوراۋانلىق ۋەقەسى «دېدى ۋە
خەنزۇلارنىڭ 6-ئىيۇل ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيۇشقان
ئۇسۇلدا سادىر قىلغان ئۇيغۇرلارنى ئۇرۇش، ئۆلتۈرۈش
ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشخانا، دۇكانلىرىنى كۆيدۈرۈش
ۋەقەلىرىنى بىرەر يەردە قانۇنسىز قىلمىش دەپ
تىلغا ئالمىدى. بەلكى 6-ئىيۇلدىكى سۆزىدە
خەنزۇلارغا: «... بۇنداق بىر ھەركەتنىڭ ئەسلا
ھاجىتى يوق ئىدى، ... بۇنداق ھەركەت قىلىنىشنىڭ
زۆرۈرىيىتى يوق، ... كۆپچىلىكنىڭ ئاممىنىڭ نەزەرى

عنوان الدرس .......... اليوم .......... التاريخ / / ١٤

نەپرىتىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ... » دەپ
ئىپادە بىلدۈرىدۇ، بۇ ئاخىردا « مەن مۇنداق
تەلەپ قىلىمەنكى بىز بارلىق ئىدارە رەھبەرلىرى
۱- سەپكە بېرىپ ئۆز ئادەملىرىمىز، ئىشچى-خىزمەت-
چىلىرىمىز بۇ ئائىلە ئاتا-ئانىلىرىنى تېزراق ئىدارىگە
ئۆيىگە قايتىپ كېلىشكە سەپەرۋەر قىلايلى...
ھەرقايسى ئىدارىلەرنىڭ ئۆز خىزمەتچىلىرى بۇ
ئائىلە ئاتا-ئانىلىرىغا خىزمەت ئىشلەشكە
ۋاقىت بار، شارائىت بار بولۇشى ئۈچۈن
بۈگۈن كەچ سائەت توققۇزدىن باشلاپ ئۈرۈمچى
شەھىرىدە ئومۇميۈزلۈك قاتناش باشقۇرۇش
تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، بۇنىڭ كۆپچىلىككە
بەزى قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلىشىنى چۈشىنىشىڭلارنى
ئۈمىد قىلىمەن، دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭ
ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن سۆزلىگەن بۇ نۇتۇقتىكى

تەلەپپۇزى تولىمۇ يۇمشاق بولۇپ خەنزۇلار
كوچا- كوچىلاردا زوراۋانلىق يۈرگۈزۈۋاتقان بۈگۈنكى
ھۆكۈمەت باشلىقى ئۇنى قانۇنغا خىلاپ، زوراۋان-
لىق ھەرىكەت دېمەستىن بەلكى ئاقلاۋاتقاندەك،
چۈشەندۈرۈۋاتقاندەك، بۇيرۇق قىلماستىن
يالۋۇرۇۋاتقاندەك سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە
٦- ئىيۇل چۈشتە بۇ ئۇقتۇرۇشنى ئىلان قىلىپ
كەچ سائەت توققۇزدىن باشلاپ ئومۇمىيۈزلۈك
باستۇرۇشنى يولغا قويىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا
«ۋاقىت بارلىقى، ئىشارەت بارلىقى» دېگەن
سىگنال بېرىدۇ. بۇ ئۇقتۇرۇشنىڭ قوزغىشى
رولى بىلەن خەنزۇلار قىلىچە قورقماستىن
ئومۇمىيۈزلۈك كوچىغا چىقىپ زوراۋانلىقنى
كەڭ جىگە كۆتۈرىدۇ. نەتىجىدە ٦- ئىيۇل
چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى ١- دوختۇرخانىنىڭ
ئالدىدا ياتاقلىق قىلىۋاتقان ١٥ ئۇيغۇر

ياشنىڭ تۆرۈپ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن باشلاپ ئۇرۇم-
چىسلاغ كۆپلىگەن رايونلاردا ناھايىتى تېز ئاقتى
سىدىلا نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر تۇرۇپ
ئۆلتۈرۈلدى. ھەتتا خىجاسەن، يەنىخو
قاتارلىق ھەللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە
ئوتلىشىپ بىرسى كىرىپ ئائىلە-ئائىلە بويىچە
كوللىكتىپ ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ھۆكۈمەت ئىشانە
ئويلاشقا خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ 5-ئىيۇل
ۋەقەسىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئائىلە تاۋاباتـ-
لىرىغا ھەربىر ئۆلۈك ئۈچۈن تۆت يۈز يىگىرمە
مىڭ (420,000) خەلق پۇلى بېرىدىغانلىقىنى
جاكارلىدى. ھۆكۈمەت 5-ئىيۇلدىكى ۋەقەسىگە
خاراكتېرىنى «زوراۋانلىق ۋەقەسى» دەپ بېكىتكەن
بولسىمۇ، 6-ئىيۇل ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى
خەنزۇلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى

ئاھازىرغىچە نەشىر ئەپكارلىرىدا ياكى تىلشۇنوزلۇرىدا
«قانۇنسىزلىق» ياكى «زوراۋانلىق» دەپ ئالان
قىلغىنى يوق. شۇڭا 5- سىۋال ئۆلگەن
خەنزۇلارغا تۆت يۈز يىگىرمە ملك يۈەن بەرگىنى
بىلەن خەنزۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن
ئۇيغۇرلارغا تۆت سىنتىمۇ بەرگىنى يوق.

جۇڭگونىڭ ئۆە ئىشىغا كىنىڭ يەرلىك
قانۇنلىرىنىڭ ئوخشىمىغان مىللەتكە ئوخشىمىغان
ئىجرا قىلىنىشىدەك بۇنداق مىللىي كەمسىتىش
خاراكتېرى ئۇيغۇرمىدە خەنزۇلارنىڭ داۋاملىق
زوراۋانلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى ئاھازىرغىچە
ئۇيغۇر[illegible]غا ئۆلتۈرۈلۈش ئاشلىقىشىدەك
جىنايى قىلمىشلىرىغا يول بېرىپ بەردى.
بۇنىڭ بىر مىسالى شۇكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا
«تار كوچا» ناملىق ناخشىسى بىلەن داڭ
چىقىرىپ چولپانغا ئايلانغان ناخشىچى

مىرزات ئالىم 2009-يىلى 8-ئاينىڭ بېشىدا ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەنچە غايىپ بولىدۇ. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككى كۆزى ئويۇلغان، پۇت-قوللىرى كېسىپ تاشلانغان ھالدا جەسىتى ئۈرۈمچىدىكى خەنزۇلار ئولتۇراق رايونىنىڭ ئەتراپىدىن تېپىلدى. مىرزات ئالىم بۇ يىل ئەمدىلا 46 ياشقا كىرگەن ئىدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا غۇلغۇلا قوزغىغان بۇ داڭلىق شەخسنىڭ ئۆلۈمى يەنە قانچىلىغان نامسىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇ يەر بۇ يەردە مەخپىي ئۆلتۈرۈلۈپ تاشلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى.